## 9519 ـ كىتاپلار ھەققىدە ئىشىنىشنىڭ ھەقىقى ماھىيتى

**سۇئال**

كىتاپلار ھەققىدە ئىشىنىشنىڭ مەنىسى نىمە ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

كىتاپلار ھەققىدە ئىشىنىش تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

بىرىنچى : ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن چۈشكەنلىكى، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئۇلار ئارقىلىق سۆز قىلغانلىقى ھەققىدە قەتئىي ئىشىنىش . بەزىلىرى پەرىشتە ئەلچىنىڭ ۋاستىسىسىز پەردە ئارقىسىدىن ئاڭلانغان ، ۋە بەزىلىرىنى پەرىشتە ئەلچى ئادەم ئەلچىگە يەتكۈزگەن ، ۋە بەزىلىرىنى ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن يازغان . خۇددى ئاللاھ ئىبيتقاندەك : اللة ھةر قانداق ظادةمضة صةققةت ۋةھيع ظارقعلعق ياكع صةردة ظارقعسعدعنلا ياكع بعر ئەلچىنى ظةۋةتعص ظأز ظعزنع بعلةن ظذنعثغا خالعغان ۋةھيعنع قعلعش ظارقعلعقلا سأز قعلغان. اللة ھةقعقةتةن (مةخلذقلارنعث سىصةتلعرعدعن) ظىستىنذر، دانادۇر . [ شۇرا( كىڭشىش ) : 51 ] ، ھەمدە ئاللاھ مۇساغا سۆز قىلدى . [ نىسا( ئاياللار) : 164 ]

ئاللاھ تەۋرات ھەققىدە مۇنداق دىگەن : بعز ظذنعث ظىحىن(تةۋرات)تاختعلعرعغا ۋةز_نةسعھةت،(دعنعي)ظةھكاملارنعث ھةممعسعنع تةصسعلعي يازدذق . [ ئەئىراف( ئىگىزلىك) : 145 ]

ئىككىنچى : ئاللاھ ئىسمى بىلەن تىلغا ئالغان كىتاپلارنى ئىسمى بويىچە ئىشىنىشىمىز لازىم. ئاللاھ قۇرئاندا ئاتىغان كىتاپلار بولسا : قۇرئان ، تەۋرات ، ئىنجىل ، زەبۇر ھەمدە ئىبراھىم ۋە مۇسا سەھىپىلىرى .

ئاللاھ ئومۇمى ئاتالغۇ بويىچە تىلغا ئالغانلىرىنى ، ئومۇمى ئاتالغۇ بويىچە ئىشىنىشىمىز لازىم . شۇڭا بىز ئۇلار ھەققىدە ئاللاھ ئەلچىسىگە دىيىشكە بۇيرىغانىنى دەيمىز : ھەمدە ئىبيتقىنكى ، ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتاپلار ھەققىدە ئىشەندىم . [ شۇرا( كىڭشىش): 15 ]

ئۈچۈنچى : ئۇ كىتاپلارنىڭ توغرا خەۋەرلىرىگە ، مەسىلەن : قۇرئان خەۋەرلىرى ،ۋە بۇرۇنقى كىتاپلاردىكى بۇرمىلانمىغان ياكى ئۆزگەرتىلمىگەن خەۋەرلەرگە ئىشىنىش .

تۆتىنچى : ئاللاھنىڭ قۇرئاننى بۇ كىتاپلارغا گۇۋاھچى سۈپىتىدە ھەمدە ئۇلارنى تەستىقلىغان ھالدا چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدە ئىشىنىش .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن :

بعز ساثا ظأزعدعن ظعلعضعركع (ساماۋع)كعتابلارنع ظئتعراص قعلغذحع ۋة ظذلارغا شاھعت بولغذحع ھةق كعتابنع (يةنع

قذرظاننع)نازعل قعلدذق .

[ مائىدە(داستىخان) : 48 ]

تەپسىرشۇناسلار دەيدۇكى ، شاھىت بولغۇچى(مۇھەيمىنەن) : ئۆزىدىن ئىلگىركى كىتاپلارغا گۇۋاھچى دىگەنلىك . ئىتراپ قىلغۇچى( مۇسەددىقەن لەھا) : ئۇلاردىكى توغرا بايانلارنى ئىتراپ قىلىدۇ . ئۇلاردا سادىر بولغان ھەر قانداق ئۆزگەرتىلىش ، بۇرمىلىنىش ۋە ئالماشتۇرلۇشنى ئىنكار قىلىدۇ ، ھەمدە ئۇلارنىڭ قانۇن –ئەھكاملىرىنى بىكار قىلىدۇ ، يەنى ئەمدى يۆرگۈزۈلمەيدۇ ھەمدە يىڭى قانۇن_ ئەھكاملار جاكارلاندى دىگەنلىك . شۇڭلاشقا ئىلگىركى كىتاپلار ئىسلىغۇچى ھەمدە كەينىگە داجىپ كەتمىگەن ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭغا ئىگىلىدۇ . ئاللاھ ئېيىتقاندەك :

« قذرظاندعن ظعلضعرع بعز كعتاب)يةنع ظعنجعل،تةۋرات)نازعل قعلغانلار)يةنع ناسارا ۋة يةهذدعيلارنعث مأمعنلعرع)قذرظانغا ظعشعنعدذ52.ظذلارغا قذرظان تعلاۋةت قعلعنغان حاغدا،ظذلار: بعز قذرظانغا ظعشةندذق.شبىهعسعزكع،ظذ صةرۋةردعضارعمعز تةرعصعدعن نازعل بولغان هةقعقةتتذر.بعز هةقعقةتةن بذنعثدعن بذرذن مذسذلمان ظعدذق دةيدذ .»

[ قەسەس(ھىكايىلەر) : 52–53 ]

بارلىق ئۇممەت قۇرئانغا ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئەگىشىشى ، ئۇنى چىڭ تۇتۇشى ھەمدە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى ۋاجىپ . ئاللاھ مۇنداق دىگەن :

بذ بعز نازعل قعلغان (قذرظان)مذبارةك كعتابتذر، ظذنعثغا ظةضعشعثلار،(ظذنعثغا مذخالعصةتحعلعك قعلعشتعن) ساقلعنعثلار .

[ ئەنئام ( چاھارپايلار ) : 155 ]

كىتاپنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنىڭ مەنىسى : ئۇنىڭدىكى ھالالنى ھالال دەپ قاراش ، ھارامنى ھارام دەپ بىلىش ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ، توسۇقلىرىدىن ساقلىنىش ، ۋەز_نەسىھەتلەرگە دىققىتىنى بىرىش ، ئۇنىڭ ھىكايىلىرىدىن ئىبرەت ئىلىش ، ئۇنىڭ مەنىسى ئوچۇق ئايەتلىرىنى چۈشىنىش ، مەنىسى ئىنىق بولمىغان ئايەتلىرىنى ئاللاھقا قويۇش ، ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىدە توختاش ،ئۇنى يادلاش ، تىلاۋەت قىلىش ، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىش ، كېچە_كۈندۈز نامازلاردا ئۇنى ئوقۇش ، ئۇنىڭ بارلىق مەنىلىرىگە سەمىمى بولۇش ، شۇنداقلا ئۇنى چۈشەنگەن ھالدا باشقىلارنى ئۇنىڭغا چاقىرىش .

بۇ ئىشىنىش بەندىگە كاتتا مىۋىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ . مۇھىملىرى :

1– ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش . چۈنكى ئۇ ھەر بىر خەلققە ئۇلارنىڭ توغرىغا يىتەكلىنىشى ئۈچۈن كىتاپ چۈشۈردى .

2– ئاللاھنىڭ قانۇن_ شەرىئەت تۈزۈشتە دانالىقىنى بىلىش . چۈنكى ئۇ ھەر بىر خەلققە تۈزۈپ بەرگەن قانۇن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ماس كىلىدۇ . ئاللاھ دىگەندەك : سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر قانۇن ۋە ئوچۇق يول بەلگىلىدۇق .

3– بۇ كاتتا نىئمەت ئۈچۈن ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش .

4- قۇرئاننى ئوقۇش ، ئۇنى مۇلاھىزە قىلىش ، مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن قۇرئانغا كۆڭۈل بىرىشنىڭ ئەھمىيتى .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

[ ئەئىلام سۇننەتۇل مەنشۇرە 90-93 ، پىشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىيىننىڭ ئۈچ ئاساسنىڭ شەرھى 91،92 ب گە قاراڭ . ]